مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن (تۈركىيە)



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

1388555
H2/34

شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن(تۈركىيە)

مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن

مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئارىز

贵阳学院图书馆
藏书
贵阳学院图书馆
GYXY1388555

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

بۇ كىتاب تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى جەمئىيىتى نەشرىياتىنىڭ 2008-يىل 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据土耳其共和国语言协会出版社2008年第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：阿合买提江
责任校对：海任莎
版式设计：沙塔尔·沙拉木

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنسا روزى
تېخرېداكتور: ساتتار سالام

شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن (تۈركىيە)

مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن
مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئارىز

图书在版编目(CIP)数据

千年前、千年后：麻赫默德·喀什噶里与《突厥语大词典》：维吾尔文/（土）许克里·哈力克·阿卡林著；艾尔肯·阿热孜译.—北京：民族出版社，2009.6

ISBN 978-7-105-10134-4

Ⅰ.千… Ⅱ.①许… ②艾… Ⅲ.①麻赫默德·喀什噶里–生平事迹–维吾尔语（中国少数民族语言）②突厥语–词典–研究–维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.K833.745.5 H211.36

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第103472号

出版发行: 民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址: 北京市和平里北街14号 邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 民族印刷厂
版　　次: 2009年8月第1版 北京第1次印刷
开　　本: 1/16
印　　张: 11
印　　数：0001-3000
定　　价: 35.00元

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2009-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم
بېسىلىشى: 2009-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم
باسما تاۋىقى: 11
سانى: 0001-3000
باھاسى: 35.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-10134-4/K.1766（维51）

سۆز بېشى

تۈنجى لۇغەتشۇناسمىز…

تۈنجى تىلشۇناسمىز…

تۈنجى لۇغىتىمىز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، تۈنجى گىرامماتىكا كىتابىمىز «كىتابۇ جەۋاھىر-ئىن-نەھۋ فى لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مۇئەللىپى…

پۈتۈن تۈرك ئەللىرىنى كېزىپ، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ لۇغەت بايلىقىنى، ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەپ، مىڭلارچە يىل بۇرۇنقى قەدىمى دەۋرلەردىن، مىڭلارچە يىل كېيىنكى زامانىمىزغىچە ئېلىپ كەلگەن تۈنجى ماتېرىيال توپلىغۇچىمىز…

خاقانىيــــە تىلى بىلـــەن ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىپچاق، تۈركمـــەن، قىرغىز، چىگىل، ياغما، ئارغۇ ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ۋە شىۋىلىرىنى "تۈرك" دېگەن ئىسىم ئاستىدا توپلاپ، ئەســـىرىگە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، يەنى «تۈرك دىئالېكتلىرىنىڭ سۆزلۈكى» دەپ نام بەرگەن تۇنجى تۈركولوگىمىز...

ئۇ بىرىنچى ئەسىر تۈرك دۇنياسىنىڭ هارماس تەتقىقاتچىسى...

تۈركىي خەلقلەر ياشــىغان ئەللەرنى، شـــەهەرلەرنى، يېزىلارنى، قىشـــلاقلارنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ماكانلار هەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بەرگەن ۋە ئۆزى سىزغان يۇملاق خەرىتىسى بىلەن تۇنجى تۈركىي جۇغراپىيىچى، دەپ نام ئالغان ئالىم...

تۈركىيلىكى بىلەن پەخىرلەنگەن، ئانا تىلىنىڭ غۇرۇرى بىلەن ياشىغان، ئەڭ ئالىي تەربىيە كۆرگەن ۋە نەسەب جەهەتتىن ئەڭ غوللۇق بىر زات...

شـــەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى مۇهەممەد بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى، تەخت ۋارىســـى هۈســـەيىن چاغرى تېكىننىڭ ئوغلـــى، قاراخانىيـــلار خاندانلىقىنىڭ شاهزادىسى...

مەهمۇد كاشغەرىي...

ۋە...

ئاز كەم يىگىرمە يىلدا توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئىككى يىل تەتقىق قىلىپ قەلەمگە ئالغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»...

تۈركىي تىلىنىڭ تۇنجى لۇغىتى...

تۈركىي تىلىنىڭ تۇنجى گرامماتىكا كىتابى...

مىــڭ يىل بۇرۇنقى تۈركـــىي تىلىنىڭ باش مەلۇمات ئامبـــىرى، تۇنجى بۈيۈك مەجمۇئەسى...

تۈركىي يېزىـــق تىللىرىنىڭ، تۈركـــىي دىئالېكتلىرىنىڭ تارىخـــىي يىلتىزلىرىنى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بىر مەنبەدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

ئۇ بىرىنچى ئەسىردىكى تۈركىي تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە دائىر بىلىملەرنى، لۇغەت بايلىقىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، تەڭداشسىز پاساھىتىنى 21 ـ ئەسىرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بىر بىلىم خەزىنىسىدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

مەھمۇد كاشغەرىي 1072- يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1074- يىلى تاماملىغان تۈركىي تىلىنىڭ ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» پەقەتلا بىر گىرامماتىكا كىتابى، پەقەتلا بىر لۇغەت بولۇش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەستۇر.

تارىخنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە قەدەر سوزۇلغان مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىزنىڭ يىلتىزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان…

مىڭلارچە يىل بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادا، قىپچاق بوزقىرلىرىدا، قاراخانىيلار خاندانلىقىدا، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا، ئوغۇز دالىلىرىدا (چېدىرلىرىدا)، قىسقىسى ئون بىرىنچى ئەسىردىكى تۈرك دۇنياسىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى، ئەنئەنىلىرى، ئېتىقادلىرى، ھايات شەكىللىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بەرگەن…

سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا تۈركىي ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نەمۇنىلىرى ئارقىلىق تەبىرلىمىلىرىنى بېزىگەن، ماقال-تەمسىللىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكىللىرى ئارقىلىق لۇغەت بايلىقىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان تەڭداشسىز بىر مۇراجىئەت بۇلىقىدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

تۈركىي تىلىنىڭ زېھنىيىتىدۇر…

تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي كالېندارچىلىق تارىخىدىن تارتىپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان دورىلارغىچە، ئوغۇز تامغىلىرىدىن تارتىپ تۈرك توقۇمىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىگىچە، ئات باقمىچىلىقىدىن تارتىپ دېھقانچىلىققىچە، تۈرك قانۇن تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ دۆلەت باشقۇرۇشقىچە بولغان يۈزلەرچە تېمىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىلىرىنى تونۇشتۇرغان؛ شەھەرلىرى، يېزا-قىشلاقلىرى، تاغلىرى، تۈزلەڭلىكلىرى، دەريالىرى، كۆللىرى، ئويمانلىقلىرى بىلەن بىر پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر جۇغراپىيىسىنى كۆز ئالدىمىزغا يېيىپ بەرگەن، بۈگۈنكى بىلىمىمىزگە ئاساسلانغاندا، بىر تۈركىي تىللىق ئالىم تەرىپىدىن سىزىلغان تۇنجى دۇنيا خەرىتىسىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن تۇنجى تۈرك خەرىتىسىدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

تۈركىي خەلقلەرنىڭ، تۈركىي تىلىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلغان، تۈركىي تىلىنىڭ

ئەرەب تىلى قەدەر باي بىر تىل ئىكەنلىكىنى كۆرستىش ۋە تۈركىي تىلنى ئەرەبلەرگە ئۆگىتىش مەقستىدە قەلەمگە ئېلىنغان تۇنجى تۈركىي تىلى قوللانمىسىدۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك».

بــەك كۆپ ئالاھىدىلىكى بىلــەن تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيتىدە تۇنجى ئورۇنغا ســاھىب كىتابتۇر، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»...

تۈركـــي خەلقلەرنىــڭ تىلىـــدۇر، ئەدەبىياتىـــدۇر، مەدەنىيىتـــدۇر، تارىخـــدۇر، جوغراپىيىسىدۇر...

قىسقىسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزىدۇر...

تۈركىي خەلقلەرنى، تۈركىي مەدەنىيتىنى مانا مۇشۇنداق بۈيۈك بىر ئەسەرگە ئىگە قىلغان مەھمۇد كاشغەرىي 2008- يىلى 1000 ياشقا كىردى...

تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000- يىلىنى قۇتلۇقلاۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بۇ بۈيۈك ئەســەر ۋە ئۇنىڭ يازغۇچىســـىنى ھەر ياشتىكى ۋە ھەر خىل كەســپتىكى كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش مەقستىدە بۇ كىتابنى قەلەمگە ئالدۇق. ھەركىم ئوچۇن يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ كەســپىي بىلىملەر نۇقتىسىدىن بىر مۇددىئاســـى يوقتۇر. شـــۇنىڭ ئۈچۈن كەســـپىي ئىپادىلەر، ترانسكرىپسىيىلىك بەلگىلەر ۋە ئىزاھاتلاردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىراق تۇردۇق. لېكىن پايدىلىنىلغان ھەربىر ئەسەر پايدىلانما قىسمىدا كۆرستىلدى.

تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000- يىلىدا مەھمۇد كاشغەرىينى ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىمىز!

خەلقىمىز، مەھمۇد كاشـــغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى ئوقۇغانسېرى تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ بايلىقىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغۇسى.

شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن

مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن

مۇندەرىجە

سۆز بېشى 1

بىرىنچى باب مەھمۇد كاشغەرىي 1

1.1. قانلىق سۇيىقەست 8

2.1. قەشقەردىن باغدادقا — خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا، باغدادتىن قەشقەرگە — ئانا يۇرت — ئوپالغا 14

3.1. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى 25

ئىككىنچى باب «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 29

1.2. ئەسەرنىڭ نامى 30

2.2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى 32

3.2. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نېمىشقا ۋە قانداق يازغان؟ 34

4.2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ قۇرۇلمىسى 37

5.2. لۇغەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بۆلۈملىرى 42

6.2. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ سۆز بايلىقى 56

7.2. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈرك قارىشى 62

8.2. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزەرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى 65

9.2. ئوغۇز قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تامغىلىرى 67

10.2. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزەرىدىكى تۈركمەنلەر 71

11.2. خاقان شۇنىڭ تىلسىملىق شەھىرى 74

12.2. ئات ئۈستىدىكى مەرگەن ئۇيغۇرلار 75

13.2. چېكىللەر 78

14.2. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خەرىتىسى 78

15.2 . ياپونىيىنى دۇنيا خەرىتىسىدە كۆرسەتكەن تۇنجى كىشى مەھمۇد كاشغەرىي..........80

16.2 . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نەزەرىدىكى تۈركىي تىللار ۋە تۈركىي تىللار دىئالېكتلىرى.......... 81

17.2 . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركىيچە ئۆگىتىش مېتودى..........86

18.2 . مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نەزەرىدىكى تۈرك يېزىقى..........88

19.2 . ئون ئىككى ھايۋانلىق تۈرك تەقۋىمى ۋە نورۇز..........91

ئۈچىنچى باب سۆز بايلىقىدىن مەدەنىيەت دۇنيايىمىزغا..........97

1.3 . "tepük" پۇتبولنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىمۇ؟..........97

2.3 . كىيىمنى دەزماللاپ كىيىدىغان، يىپەك قولياغلىق ۋە پەلەي ئىشلىتىدىغان تۈركلەر..........98

3.3 . كىيىملىرىنى بويايدىغان تۈركلەر..........100

4.3 . مىڭ يىل بۇرۇن تۈركلەر خوتۇن-قىزلارنىڭ گۈزەللىكىنى قانداق تەرىپلەيتتى؟..........100

5.3 . يامغۇر ياغدۇرىدىغان، چاقماقتىن قوغدايدىغان تاشلار..........102

6.3 . ئاڭلىغۇچىنى ئۆلتۈرىدىغان ئاۋاز "tiki" 103

7.3 . تاماقتىكى زەھەرنى تەكشۈرىدىغان "çatu"..........104

8.3 . تۈركىيلەردە تونۇشۇش قائىدىلىرى(يوسۇنلىرى)..........104

9.3 . "im" دىن پارولغىچە..........105

10.3 . ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ سېلىنىدىغان داستىخان — نەزىر 106

11.3 . كارامەت ئىگىسى، بىر دىنىي زات — قۇلباق..........107

12.3 . مەھمۇد كاشغەرىيدىن بىر ئۆگۈت: قىزلار بىلەن چېلىشما..107

13.3 . دېڭىزدا بوران چىقىرىدىغان ئوت: "kumlak"..........108

14.3 . ئادەمگە ئېتىلىدىغان يىلان 108

15.3 . قانىتى بىلەن تاغلارنى تېشىدىغان قۇش 109

16.3 . "savrulmak" سۆزى نەلەردە ئىشلىتىلىدۇ؟ 109

17.3 . ئاسمان جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرى 110

تۆتىنچى باب «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن تاللانمىلار 113

1.4 . ماددا بېشى سۆزلىرىگە ئۆرنەكلەر 113

2.4 . مىڭ يىل بۇرۇنقى ماقال-تەمسىللەر 120

3.4 . تۇنجى تاللانما شېئىرلىرىمىزدىن ئۆرنەكلەر 123

بەشىنچى باب «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تېپىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشى 130

1.5 . «دىۋان»نىڭ بىلىنىشى ۋە تېپىلىشى 130

2.5 . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ داڭقى تارقالماقتا 137

3.5 . زىيا گۆكئالپتىن باش ۋەزىر تالات پاشاغىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى نەشر قىلدۇرۇش پائالىيەتلىرى 137

4.5 . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تۇنجى نەشر قىلىنىشى 143

5.5 . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى 145

6.5 . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمىلىرى 149

ئاخىرقى سۆز 152

پايدىلانمىلار 153

تەرجىمانىنىڭ سۆزى 155

قوشۇمچە: بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن "مەھمۇد كاشغەري تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى" دىن كۆرۈنۈشلەر 163

بىرىنچى باب مەھمۇد كاشغەرىي

تېپىلىشى بىلەن تەڭ تۈركىي تىللار تارىخىنىڭ قايتىدىن يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان، تۈركىي تىلىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا قالغان نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرغان بۈيۈك ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى بىزلەرگە مىراس قالدۇرغان، تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، تۈركىي تىللار لۇغەتچىلىكىنىڭ ئاتىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1008-يىلى تۇغۇلغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە بىرەر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئۆز ئەسىرىدىمۇ ئۆزى ھەققىدە ئانچە كۆپ توختالمىغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، ئېسىل نەسەبلىك بىر ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى ۋە ئەتراپلىق يېتىشتۈرۈلگەن بىر شاھزادە ئىكەنلىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى پارچە-پۇرات قەيتلەردىن بىلىنمەكتىدۇر. تۈركىي تىلنى ئەڭ گۈزەل سۆزلەيدىغانلىقى، پىكرىنى ئەڭ ئوچۇق ئىپادىلەيدىغانلىقى، ئەڭ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەنلىكى، نەسەبىنىڭ ئەڭ غوللۇقلۇقى، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەن مەھمۇد كاشغەرىي، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلارنى كېزىپ چىققانلىقىنى يازىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» غا كىرگۈزىدىغان سۆزلەرنى تاللاشتا تۇتقان يول توغرىسىدا توختالغاندا، ئىستېمالدىن قالغان كونا سۆزلەرنى لۇغەتكە كىرگۈزمىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭدىن بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىسى ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تۈرك يېزىق تىللىرىنى پىششىق بىلىشى؛ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يىغقان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى، تۈرلىرى، تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىگە ھاكىم بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي تىلىنىڭ قەدىمكى لۇغەت بايلىقىدىنمۇ خەۋەردار بولۇشى، ئۇنىڭ تىل جەھەتتە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى ئوبدان يېتىشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مۇھتەرەم زاتنىڭ نام-شەرىپى مەھمۇد كاشغەرىي بولسىمۇ، «دىۋان» دا

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

ئاتىسىنىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىكىگە دائىر بىرىلگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرىنىڭمۇ بارسغان بولۇشى مۇمكىنلىكى پەرەز قىلىنماقتا. «دىۋان» نىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۆزىنى **كاشغەرىي**، **ئەل - كاشغەرىي** دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىمىغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى، سۇيى ۋە تەبىئىي مەنزىرىسىنى ھەر پۇرسەتتە مەدھىيىلىشى؛ خانلار تۇرىدىغان شەھەر (خانبالىق) دەپ تەرىپلىشى، قەشقەر ئەتراپىدىكى **ئادىق**، **كاسى**، **ئوپال** قاتارلىق يەرلەرنى يۇرتۇم، دەپ تىلغا ئېلىشى، ئۇ دەۋردە بىر مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە يېتىلىشى بۇ بۈيۈك تىلشۇناسىنىڭ "مەھمۇد كاشغەرىي" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشىغا ئاساس بولغاندۇر.

ئەسەردە بىرلا قېتىم كۆرۈلگەن «كاشغەرىي» نامى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نىڭ بىرىنچى بېتىدىكى ماۋزۇدا، «تەلىف-ئى مەھمۇد بىن ئەل-ھۇسەيىن بىن

بارسغان

ھازىرقى قىرغىزىستاندا، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ۋە يېپەك يولىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر تارىخىي شەھەر. تارىختا چىگىل، تۈرگىش، قارلۇق قاتارلىق تۈرك قوۋملىرى ياشىغان جاي. شەھەرنىڭ نامى تارىخىي مەنبەلەردە "بارسخان"، "بارساخان" دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. قارلۇقلار دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم بىر مەركەز بولغان. مەشھۇر سەيياھ تەمىم ئىبن بەھر ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھىتىدىن قايتقاندا بارسغاندىن ئۆتكەن ۋە بارسغان ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلارنى ناھايىتى گۈللەنگەن، دەپ تەسۋىرلىگەن. قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى تەشكىل قىلغۇچى قارلۇق ۋە چىگىللەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ ماكان قاراخانىيلار دەۋرىدە ناھايىتى مۇھىم بىر مەركەز ئىدى. شەھەردە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق بىلەن بىرگە، نەققاشلىق ۋە ساپالچىلىققا ئوخشاش قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. ھازىر قىرغىزىستان چېگرىسى ئىچىدىكى مەزكۇر رايوندا "بارسقون" ناملىق بىر يېزا بولۇپ، بۇ يېزىنىڭ نامى تارىختىكى بارسغان شەھىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن.



بارسغاندىن بىر كۆرۈنۈش (2008)

مۇھەممەد ئەل-كاشغەرىي» دېگەن ئىبارىدە ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇ نام مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەلىمىدىن چىققان «دىۋان» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدا بارمۇ-يوق؟ ياكى «دىۋان» نىڭ قولىمىزدىكى بىردىنبىر قوليازمىسىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى **مۇھەممەد بىن ئەبى بەكىر ئىبىن ئەبىل-فەتھ** ۋە ياكى «دىۋان» نىڭ بىرىنچى بېتىگە بىر باھا يازغان **خاتىپزادە** تەرىپىدىن كېيىن ئۇلاۋە قىلىنغانمۇ؟ بۇ مەسىلە ھازىرغىچە تېخى ئايدىڭلاشقىنى يوق.

مەھمۇد كاشغەرىي، ئاتىسىنىڭ يۇرتىنىڭ نامى — "**بارسغان**" دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ كېلىپ، بۇ نامنىڭ ئافراسىيابنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەنلىكىنى، (ئافراسىيابنىڭ ئوغلى) قۇرغان شەھەرنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغانلىقىنى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسىنىڭ يۇرتىنىڭمۇ بارسغان ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بارسغاننىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر رىۋايەتنىمۇ قەيت قىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر يىلقىچىسى بولۇپ، ھاۋاسى ياخشى بىر يەردە خاننىڭ يىلقىلىرىنى باقىدىكەن. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەر بىر ماكانغا ئايلىنىدىكەن ۋە يىلقىچىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىكەن.

باشقا بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئوپال يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەندۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ "ئوپال" سۆزىنى يۇرتىدىكى بىر يېزا نامى سۈپىتىدە ئىزاھلىغانلىقىنى كۆرىمىز. «دىۋان»نىڭ بىردىنبىر قوليازما

opal

نۇسخىسىنىڭ 49 ـ بېتىدىكى يەتتىنچى قۇردا **ابل** شەكلىدە يېزىلغان ۋە «دىۋان» تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن [abul] دەپ ئوقۇلغان بۇ سۆزنىڭ توغرا ئوقۇلۇشىنىڭ [opal] ئىكەنلىكى كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر. "ئوپال" يېزىسىنى "بىزنىڭ يۇرتتا بىر يېزىنىڭ نامى" دەپ تەرىپلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەشقەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن مەھمۇد كاشغەريي، ئوپالنى تۇغۇلغان يېرى سۈپىتىدە تىلغا ئالمىغان.

لېكىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە، "بىزنىڭ يۇرتتا بىر يېزىنىڭ نامى"، "بىزنىڭ يۇرتتا بىر يەر نامى" دەپ تەرىپلەنگەن **"ئادىغ"** ۋە **"كاسى"** دېگەن يەرلەرنىڭ ئوپال ئەتراپىدىكى ماكانلاردىن ئىكەنلىكى مەھمۇد كاشغەريينىڭ بۇ يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە.

مەھمۇد كاشغەريي باشلانغۇچ مەزگىللىك ئوقۇش هاياتى ۋە ياشلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئوپالدا، هامىدىيە ۋە ساجىيە مەدرىسلىرىدە مەشهۇر مۇدەررىسلەردىن دەرس ئالغان. ئۇستازلىرىدىن بىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ تىلغا ئېلىنغان شەيخ ئىمام ئەز ـ زاهىد هۈسەيىن بىن هالەف ئەل ـ كاشغەرىيدۇر.

مەھمۇد كاشغەريي «دىۋان»نىڭ دەسلەپكى بەتلىرىدە ئۆزى هەققىدە

سۆزلەپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ھۆسەيىن، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنىڭ مۇھەممەد ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. كېيىن "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندىمۇ دادىسىنىڭ جەمەتى توغرىسىدا توختىلىپ، دادىسىنىڭ جەمەتىنىڭ "ھامىر" دېيىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىسىمنىڭ "ئامىر" (ئەمىر) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، ئوغۇزلار "ئامىر" دېيەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىغا بىر "ھ" تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش نەتىجىسىدە "ھامىر" بولۇپ قالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

بۇ بايانلاردىن كېيىن، مەھمۇد كاشغەرىي دادىسىنىڭ تۇرك ئەللىرىنى سامانىيلارنىڭ قولىدىن ئالغانلىقىنى ۋە ئىسمىنىڭ "ھامىر تەگىن" دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «دىۋان»نىڭ يازما نۇسخىسىدىكى يېزىلىشى بۇ ئىسىمنىڭ ھەر خىل ئوقۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. "ئەل-ئامىر باھىر تېكىن"، "بەھەركىن"، "باھىر تېكىن"، "ھامىر تېكىن" دېگەندەك شەكىللەردە ئوقۇلغان بۇ ئىسىم ئەسلىدە "ناسىر تىگىن" دەپ ئوقۇلۇشى كېرەكلىكى ۋە بۇ كىشىنىڭ "ناسىر ئىلىگ خان" دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغان، ماۋەرائۇننەھر بىلەن بۇخارانى فەتھى قىلغان ئارسلان ئىلىگ ناسىر بىن ئەلى ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنماقتا.

كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەسەبىگە دائىر ئوخشىمىغان قاراشلار ۋە ئائىلىسىنىڭ قانلىق بىر پاجىئەگە يولۇققانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ۋەقەلەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تەك چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەرنىڭ قانداق ھازىرلانغانلىقىغا دائىر ئايدىڭلاشمىغان نۇقتىلار ئۈستىدە ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان.

تۈنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ خاقانى ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى

XI ئەسىر شارائىتلىرىدا مەھمۇد كاشغەرىينى پۈتۈن تۈرك ئەللىرىنى كېزىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا يىللارچە داۋام قىلغان تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۈندىگەن ئامىللار ئۇنىڭ نەسەبى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئارقىلىق يورۇقلۇققا چىقتى.

ئېسىل نەسەبلىك بىر تۈرك

ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزى ھەققىدە بەرگەن بۇ ئۇچۇرىنىڭ توغرىلىقى ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خاندانى جەمەتىگە مەنسۇپلۇقى بىلىنمەكتە. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئائىلە شەجەرىسى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈرك خاقانى ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخانغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. 932-يىلى مۇسۇلمان بولغان قاراخانىيلار خاقانى ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئوغلى سۇلايمان خاندۇر. ئۇنىڭ ئوغلى بۇخارانى فەتھى قىلغان ئەبۇل-ھەسەن ھارۇن قىلىچ بۇغرا خاندۇر. قىلىچ بۇغرا خان نامى بىلەن تونۇلغان ۋە سامانىيلارنىڭ مەركىزى بۇخارانى 992-يىلى قولغا كەلتۈرگەن ئەبۇل-ھەسەن

قاراخانىيلار

شىنجاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا 840 — 1212-يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن تۇنجى مۇسۇلمان تۈرك خاندانلىقى. "قاراخانىيلار" تەتقىقاتچى ئالىملار تەرىپىدىن كېيىنكى چاغلاردا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بۇ خاندانلىقنى "خاقانىيە" دەپ ئاتىغان.

قولىمىزدىكى مەنبەلەردە قاراخانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا، بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى قاراخانىيلار ئۇيغۇر، تۈركمەن، ياغما، قارلۇق، قارلۇق-ياغما، چىگىل ۋە قەدىمكى تۈركلەردىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشلاردۇر. بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلغان پرىتساك، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، خاندانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر خىل قاراشلارنىڭ ساغلام پاكىتلىرىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پرىتساك، قاراخانىيلار كۆكتۈركلەرنىڭ ئۆلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ بىر تارمىقى بولغان قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قارلۇق قەبىلىسى ئۈچ ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، بۇ ئۈچ ئۇرۇقتىن بىرى بولغان ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسىي تەركىب بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراش ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالدى.

قەدىمىي بىر تۈرك قەبىلىسى بولغان قارلۇقلار 745-يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن باسمىللار قۇرغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە ئىدى. 840-يىلى قىرغىزلار مەزكۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا تەۋە بىر قەبىلە ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ياغمىلار غەربكە كۆچۈپ، قەشقەر رايونىغا يەرلەشكەن. كېيىن ئىلى ۋادىسىغا كېڭەيگەن ياغمىلار بالاساغۇننى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ رايونغا ھۆكۈمران بولغان بۇ يېڭى خانلىقنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگە كۆل قادىرخان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى ۋە سەلتەنىتى

قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بۇرانا مۇنارى

هارۇن قىلىچ بۇغرا خان بىن سۇلايمان بولسا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدۇر. قىلىچ بۇغرا خاننىڭ ئوغلى خوتەننى فەتھى قىلغان يۈسۈف قادىر خان بىن ھەسەن ھارۇندۇر. ئۇنىڭ ئوغلى تاراز ۋە ئىسپىجاپنىڭ ھۆكۈمدارى مۇھەممەد بۇغراخان بىن يۈسۈفتۇر. ئۇنىڭ ئوغلى بولغان، شەمسۇددەۋلە ئارسلان ئىلىگ نامى بىلەن تونۇلغان بارسغان ئەمىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد چاغرى تېگىن بولسا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسىدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى خوجا سەيفەددىن بۈزرۈكۋارنىڭ قىزى بۈۋى رابىيە ئىكەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار مەۋجۇتتۇر.

ھەققىدە قولىمىزدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن دەسلەپ چوڭ ئوغلى بازىر ئارسلان خان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق قادىر تەختكە چىققان.

بۇ مەزگىلدە بازىر ئارسلان خاننىڭ ئوغلى سۇتۇق قاراخانىيلارغا پاناھلانغان سامانىي شاھزادىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇلكېرىم دەپ ئاتالغان سۇتۇق بۇغرا قاراخان تاغىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان خاقانى بولغان. قاراخانىيلارنى تامامەن دېگۈدەك مۇسۇلمانلاشتۇرغان ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغرا قاراخان 956-يىلى ۋاپات بولغان. چوڭ ئوغلى مۇسا توڭا ئىلىگنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق سەلتەنىتىدىن كېيىن، كىچىك ئوغلى بايتاش ئارسلانخان سۇلايمان تەختكە چىققان. بايتاشنىڭ ئورنىغا چىققان ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئارسلانخان دەۋرىدە پەرغانە رايونى سامانىيلاردىن ئېلىنغان.

ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىنىسى ئەبۇل ھەسەن ھارۇن قىلىچ بۇغراخان زامانىدا ناھايىتى مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئەبۇل ھەسەن ھارۇن قىلىچ بۇغراخان 990-يىلى ئىسپىجاپنى، 992-يىلى سەمەرقەنتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، 999-يىلى سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخارانىمۇ قولغا كەلتۈرگەن ۋە قەشقەرگە قايتىش يولىدا ۋاپات بولغان.

◆ بۇرانا مۇناردىن ئايرىم كۆرۈنۈش



11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى توختاۋسىز ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن قاراخانىيلار 1041-يىلى شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بۈيۈك سەلجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن قاراخانىيلار بىر مەزگىلدىن كېيىن سەلجۇقىيلارنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە 1140-يىلى قاراقىتانلارغا بېقىنغان. غەربىي قاراخانىيلار 1211-يىلى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلدۇرغان بولسىمۇ، خارەزمشاھ ئالائەددىن مۇھەممەد غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن. بۇ مەزگىللەردە شەرقىي قارخانىيلارنىڭ زېمىنلىرىمۇ نايمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە بۇ ۋەقەلەر نەتىجىسىدە قاراخانىيلار خاندانلىقى ئاخىرى ھالاك بولغان.

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com